باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاسپىرانتلار مائارىپى خىزمىتىگە بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى ئىلھاملاندۇردى، رىغبەتلەندۈردى

تىرىشىپ زور تۈركۈم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىمىز

☐ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئاسپىرانتلار مائارىپى خىزمىتىگە مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى زور تۈركۈم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە جىددىي ئېھتىياجلىق، دەپ كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ مائارىپ خىزمەتچىلىرى بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

شىنجاڭ داشۆىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى جيا دېيەنزېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى يېڭى دەۋر ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، يېڭى دەۋر ئاسپىرانتلار مائارىپى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. مەكتىپىمىز مەملىكەت بويىچە 5 - نۆۋەتلىك پەنلەرنى باھالاشتىن پايدىلىنىپ، پەن كەسىپلىرىنى تەڭشەشنى ئالغا سىلجىتىپ، «سانائەت پەنلىرىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇش، تەبىئىي پەنلەرنى ئەلالاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەڭشەش»نى يولغا قويۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، مەكتەپ پەنلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇردۇق. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ھەرىكەتچان تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش قېتىم سانىنى كۆپەيتىپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلىق ئىستىلى ۋە كەسپىي يېتەكچىلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاسپىرانتلار مائارىپ ئوقۇتۇشى ئىسلاھاتى، بولۇپمۇ كەسپىي ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە ئاسپىرانت ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش ئەندىزىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ئېھتىياجغا يۈزلىنىپ، ئاسپىرانتلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ مۇنەۋۋەر يۇقىرى قاتلاملىق بىرىكمە تىپتىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئېھتىياجىنى زىچ چۆرىدەپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياجىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللىشىپ، ئاسپىرانتلار مائارىپى خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈردى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، بۇ مەكتەپ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىش ئورنى قۇرۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادشۇناسلىق 1 - دەرىجىلىك پەنلەر دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىش نۇقتىسى، باشقۇرۇش ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش 1 - دەرىجىلىك پەنلەر ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىش نۇقتىسى ۋە تۆت ماگىستىرلىق كەسپىي ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىش نۇقتىسىنى يېڭىدىن كۆپەيتتى. «بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى باشتىن - ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرىمىز.» شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى ئاسپىرانتلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ ۋېنسۇي مۇنداق بىلدۈردى: مەكتىپىمىز ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ توغرا ئىگىلەپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، «كىرىش ئېغىزى ئۆتكىلى» «چىقىش ئېغىزى ئۆتكىلى»نى چىڭ ئىگىلەپ، ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ سۈپەت كاپالىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇردۇق.

ئىلى سىفەن داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېي لىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، قوللانما بىلەن تەمىنلىدى. مەكتىپىمىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «دۆلەت ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، پارتىيە ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش» ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تۇتقا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاسپىرانتلار مائارىپى ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە، مەكتىپىمىز ئاسپىرانتلار ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتىنى يەنىمۇ پۇختا ئىشلەپ، ئاسپىرانتلارنى تەربىيەلەش ھالقىلىرىنى ئىنچىكە ئىشلەپ، تەتقىقات ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاسپىرانتلارنىڭ ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچ قىلىپ، مائارىپ سۈپىتىنى باھالاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رايون ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشكە بولغان تەلىپىنى يەنىمۇ قاندۇرىدۇ.

قەشقەر داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى سۈن ۋېيگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەكتىپىمىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاسپىرانتلار مائارىپى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي تېپىلىق، قوللىنىشچان پەن كەسىپلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئەلالاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلىتىدۇ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئادەم تەربىيەلەش ئىقتىدارى ۋە تەربىيەلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كەسپىي ئىلمىي ئۇنۋان بويىچە تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، تۈرگە ئايرىپ تەربىيەلەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاسپىرانتلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئاشۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېخىمۇ پۇختا ئىختىساسلىقلار تىرەكى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرىنچىدىن، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنىڭ «قاراۋۇل»لۇق ئىقتىدارى ۋە نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، ئىلغاپ تەكشۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىنورمال ئەھۋال بايقالغان ھامان دوكلات قىلىش، يۆتكەپ توشۇش؛ ئۇچۇر راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى بىرىنچى ۋاقىتتا قانات يايدۇرۇپ، بارلىق يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارغا قارىتا تېببىي كۆزىتىش تەدبىرىنى ۋاقتىدا قوللىنىش؛ مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارقىلىش يوللىرىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مەھەللە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈچلىرىنى مەھەللىلەرگە چۈشۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تورىنى زىچ توقۇپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ھەربىر دەنيۈن، ھەربىر ئائىلىگىچە تەشۋىق قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆيىدە ئايرىلىپ تۇرغان ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنى ئۆيىدە خاتىرجەم تۇرۇش، ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر قانۇن - نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارىتا قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرى ۋە خەلق تۇرمۇشى تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش قاتارلىق تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە دائىر قانۇنچىللىق تەشۋىقاتى ۋە قانۇن مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى قانۇنچىللىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشقا يېتەكلەش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ قۇتقۇزۇش - داۋالاش كېرەك. ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ 7 - نۇسخىدىكى دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈپ، جۇڭخۇا تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ پەنگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى كۈچەيتىپ، ئاغرىقلارنىڭ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك داۋالىنىشقا ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ دوختۇر - سېستىرالارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىپ، پىسخىكا جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، دوختۇر - سېستىرالارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ياخشى ھەل قىلىپ، دوختۇر - سېستىرالارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىنى ياخشى قوغداش كېرەك.

بەشىنچىدىن، تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دورا، قۇتقۇزۇش - داۋالاش سايمانلىرى قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەڭشەپ توشۇش، زاپاس ساقلاش، تەمىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش، تەشكىللەش ۋە كاپالەتلەندۈرۈشنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ماددىي ئەشيالارنى توشۇش يېشىل يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەمىنلەشنىڭ تولۇق بولۇشىغا، سۈپەت كاپالىتىگە، باھانىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. ئىلمىي مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، سىياسەت تەدبىرلەرنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىق ئېڭى ۋە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاممىنى ئۆزى ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى كۈچەيتىشكە، ئاممىنى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىنى تىزگىنلەشكە قاتنىشىشقا پائال يېتەكلەپ، كەيپىياتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، چوڭ جەڭ داۋامىدا ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، ئىستىلنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىشى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قايتا - قايتا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي بوشلۇق قالدۇرماسلىقى، قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىقى كېرەك. خىزمەت ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئىستىلى تۇراقسىز، خىزمەتتە كۆپتۈرمىچىلىك قىلغان، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن، مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش - تارتىش قىلغانلارغا قارىتا كەسكىن تۈردە جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، جاۋابكارلىققا تارتىپ، پولاتتەك ئىرادە، پولاتتەك تەدبىر، پولاتتەك ئىنتىزام ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى لەنتىڭ مەھەللىسى لۇجىن ئۇلتۇراق رايونىدا، چېن چۈەنگو مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلاردىن سەممىمىي ھال سورىدى، ئۇلارغا شەخسىي بىخەتەرلىك مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن كەڭ ئاھالىلەرگە سەممىمىي ياخشى مۇلازىمەت قىلىشنى تاپىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەھەللە مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، سەۋرچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، مەھەللىدىن ئىبارەت بىرىنچى مۇداپىئە سېپىنى قەتئىي چىڭ ساقلىشى، ياخشى ساقلىشى كېرەك. مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلارنى مۇداپىئەلىنىش بويىچە تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، ماسكا، مۇداپىئەلىنىش كىيىمى قاتارلىق مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلارنىڭ مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

چېن چۈەنگو تىيانشان رايونىدىكى بىر مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىسىغا كېلىپ، كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، تۇرمۇش كاپالىتى قاتارلىق خىزمەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق قوبۇل قىلىش، ئايرىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئايرىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە مەنبەدىن تىزگىنلەش، تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياخشى كاپالەتلىك قىلىپ، ساغلاملىقىنى كۆزىتىش - ئۆلچەشنى كۈچەيتىش، پىسخىكا جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە پۈتۈن كۈچ بىلەن غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تۆت تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، تېخىمۇ دەل جايىدا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تاشقى جەھەتتە سىرتقا تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىش، يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇپ، ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ 7 - نۇسخىدىكى دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈپ، جۇڭخۇا تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ پەنگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى كۈچەيتىپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، كۈچىنى ئىلمىي تەڭشەپ تەقسىملەپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ماددىي ئەشيا تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش كېرەك. مەھەللە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەھەللىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى توسۇپ زەربە بېرىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈچلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەھەللىلەرگە چۈشۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئائىلىلەرگىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەھەللىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇستەھكەم قورغانغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. چىن قەلب بىلەن مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ۋاقتىدا چۈشەنچە بېرىپ گۇماننى تۈگىتىپ قىيىنچىلىق، تەلەپلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەل قىلىش كېرەك؛ ئىلمىي مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسى ۋە ئۆزى مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش كېرەك؛ «ئاشلىق» «كۆك - تاق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، سۈت، ئاشلىق قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خىزمەت ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەك، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ جىددىي ئاچقۇچلۇق پەيتكە كەلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى جەزمەن پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك. ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ئىستىلىنى تاۋلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش چىدامچانلىقىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۇ خەيرۇڭ بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ياسىمچىلىق ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇقىم ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئۇل تاش، ياسىمچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ياسىمچىلىقتا تىپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، يېڭى ئېنېرگىيە جابدۇقلىرى، توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش جابدۇقلىرىنى خاس ئەۋزەللىك قىلغان جابدۇق ياسىمچىلىق سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى، ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى، جىنفېڭ پەن - تېخنىكىسى ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم تايانچ ياسىمچىلىق كارخانىلىرى دۆلەت ئىچى - سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىنى ھازىرلىدى، بىر تۈركۈم ئىلغار ياسىمچىلىق تېخنىكىسى ساھە ئېگىزلىك نۇقتىسىنى ئىگىلىدى، ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي، قۇمۇل قاتارلىق يەتتە ياسىمچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ ياسىمچىلىقتا كۆلىمى كىچىكرەك بولۇش، كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياسىمچىلىقتا تىپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشتە، جەزمەن يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش كېرەك.

يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، ياسىمچىلىقتا تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، جەزمەن يېڭىلىق يارىتىشنى ياسىمچىلىقنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى يادرولۇق ئورۇنغا قويۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق كەسىپ تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ياسىمچىلىق، بولۇپمۇ جابدۇق ياسىمچىلىقى دۆلەتنىڭ مۇھىم قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش، تىپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن، كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان رىقابەتتە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەشكە پايدىلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ياسىمچىلىقتا تىپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى يېڭى تەرەققىيات بوشلۇقى بىلەن تېخىمۇ تەمىنلەيدۇ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ياسىمچىلىقنىڭ خاس ئەۋزەللىكىنى زورايتىشتا شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى پارلاق.

يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇشتا، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، كارخانىلار بولۇپمۇ تايانچ كارخانىلارنى يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىلھام بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى چۆرىدەپ، ياسىمچىلىق بولۇپمۇ جابدۇق ياسىمچىلىقىدا ئاچقۇچلۇق يادرولۇق تېخنىكىدا مۇھىم، زور بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، مۇھىم، زور تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرلىرىنى تاماملاپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۇقىرى دەرىجىلىك جابدۇق ياسىمچىلىقىغا قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش كېرەك.

يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇشتا، كەسىپلەرنىڭ توپلىنىش ئۈنۈم ئېففېكتىنى كۈچەپ يارىتىپ، ئىلغار ياسىمچىلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىنى چۆرىدەپ يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىر تۈركۈم ياسىمچىلىقتا يېڭىلىق يارىتىش مەركەزلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، قۇرۇپ، كەسىپ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان ئورتاقلىققا ئىگە ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا كۈچەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش، بىيو تېببىي دورىگەرلىك، چوڭ سانلىق مەلۇمات، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭىچە كەسىپلەر توپلاشقان رايون، ئېشىش قۇتۇپىنى يېتىلدۈرۈپ، ياسىمچىلىقتا يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇشتا، كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىدىن پايدىلىنىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، نېفىت، نېفىت خىمىيە، جابدۇق ياسىمچىلىقى، مېتاللورگىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، مىللىي تېبابەت دورىگەرلىكى قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تىپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ مۇھىم، زور تېخنىكىلىرىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياسىمچىلىق قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ياسىمچىلىقنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

«دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن بايلىق يارىتىش كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ كاتتا تۆھپە.» ياسىمچىلىقتا تىپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنىڭ ئاچقۇچى يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقتا. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش ئىشەنچى، ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.